# شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى

**(2019 ـ يىلى 8 ـ ئاي)**

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى**

(بېشى 6 ـ بەتتە)

—— خەلقئارا جەمئىيەت ئاكتىپ باھا بەردى. شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاساسلىق دىپلوماتلىرى ھەمدە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلىرى قاتارلىق 40 نەچچە تۈركۈم (ئۆمەك، گۇرۇپپا) بولۇپ، 1000غا يېقىن كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى، زىيارەتتە بولدى. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا. نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىش، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، نۇرغۇن كىشى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق تونۇپ، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى، زۆرۈرلۈكى، قانۇنلۇقلۇقى، مۇۋاپىقلىقىنى چۈشەندى. ئۇلار بەس ـ بەستە شۇنى بىلدۈردىكى، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بولۇپ، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدۇ، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىغان ئاشۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالدى، شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى، ئىنتايىن ئۆرنەك ئېلىش قىممىتىگە ئىگە. ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كېڭىشىشى 46 ـ قېتىملىق يىغىندا قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارغا غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى ئالقىشلىدى.

شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى نەق مەيداندا زىيارەت قىلغان بىر قىسىم چەت ئەل تاراتقۇلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بەس ـ بەستە خەۋەر ـ ماقالە ئېلان قىلىپ، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سەئۇدى ئەرەبىستان «رىياد گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى «شىنجاڭ —— جۇڭگو ‹بىر بەلباغ، بىر يول›نىڭ دەرۋازىسى» تېمىلىق ماقالىسىدە مۇنداق دېدى: «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.» «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، بايرام، توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم قاتارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلىرى بىر قاتار سىياسەت ۋە نىزاملارنى تۈزدى.» «شىنجاڭدا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتىنى ساقلاش ياكى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بار، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىزچىل سىياسىتى».

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، مىسىر «ئەلئەھرام كەچلىك گېزىتى»نىڭ مۇخبىرىنىڭ «جۇڭگو تەربىيەلەش ۋە قايتا تەربىيەلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئەسەبىزمغا تاقابىل تۇردى» تېمىلىق خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلدى: «دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، كۆپ خىل ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە تاقابىل تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قوللانغان ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى پايدىلىق تەجرىبە بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ.» «شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشى تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاشۇ ياشلارنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى قايتىدىن جەمئىيەتكە سىڭىش ھەم توغرا يولدا مېڭىش، تېررورىزمنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن يىراق تۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈندۇر.» تۈركىيە DHA مۇنداق بىلدۈردى: تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئادىمىيلىك جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش بىلەن تەمىنلىدى، مەركەزدە خورلاش قىلمىشلىرى ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش يوق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىشى، تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك. زىيارەت مەزگىلىدە، كۆرگەن ـ ھېس قىلغانلىرىمىز ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى تەشۋىق قىلغان سەلبىي مەزمۇن بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قوش ئۆلچەمنىڭ ياۋۇزلۇقى، يولسىزلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

ئامېرىكا «خەلقئارا فوكۇس» ژۇرنىلىنىڭ 2019 ـ يىلى 5 ـ ئايلىق سانىدا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا سەپەر» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «قەشقەر كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئىنتايىن تەرتىپلىك بولۇپ، نۇرغۇن ياشلار ئىلگىرى ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار ئىدى، ھازىر كەسپىي ماھارەت ئۆگەندى، بەزىلەر ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى تىرىكچىلىك قىلىش ۋاستىلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇلارنىڭ ئوزۇقى ياخشى، تۇرمۇش شارائىتىمۇ ياخشى. مۇخبىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە كىشى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى، ئۇلار ياخشى مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى خۇشال كۆرۈنىدۇ. بەزىلەر بەلكىم بۇ ياشلار مەجبۇرلانغان دەپ قارىشى مۇمكىن، ئەمما خۇشاللىققا ساختىلىق قىلغىلى بولمايدۇ.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سىنگاپور «دېڭىز بوغۇزى ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ھېكايە» دېگەن بىر ماقالىدە، شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ھەقىقىي ئەھۋاللار، ھەمدە كۆپلىگەن تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەربىيەلىنىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئۆزگىرىشلىرى جانلىق تونۇشتۇرۇلغان. ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان: گۇمانلىنىشقا بولمايدۇكى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئۇسۇلى مول نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئىگە بولغان. مۇخبىرنىڭ تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئىگىلىشىچە، نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن ئەسەبىي سىن ۋە تەشۋىقات كىتابلار تەرىپىدىن رادىكاللىشىپ كېتىش كەچۈرمىشى بولغان. تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ كەيپىياتى خۇددى بىر ياتاقلىق مەكتەپكە ئوخشايدىكەن. مۇخبىر ھۆكۈمەتنىڭ نامرات ئاممىغا ئۆي سېلىپ بەرگەنلىكىنى، شۇ جايدىكى بازارلارنىڭ ئاۋاتلىقىنى، ئاممىنىڭ ھەر خىل داۋالىنىش مۇلازىمىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل ئويۇنلىرىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتىنى باسمايلا قالماي، تېخى يەنە يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتى قاتارلىق تەرەپلەردە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نۇرغۇن ئالاھىدە سىياسەتلەرنى بەرگەن.

## ئالتىنچى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرى ئىزدىنىپ چىقىلدى

كۆپ يىلدىن بۇيان، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامرىشىدىكى تۇپراق ۋە شارائىتىنى يوقىتىش، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى، ھەم پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلىدى.

بەزى دۆلەتلەر «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەركىزى» تەسىس قىلىپ، ئەسەبىزمدىن يۇقۇملانغان كىشىلەر توپىنى بىر مەزگىللىك تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، يەككە ياكى كوللېكتىپ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش، دىن ئەمەلىيىتى ۋە زامانغا لايىق مۇنازىرىنى قىستۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پسىخىكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ھەم ماھارەت ۋە كەسپىي تەربىيەلەش ئارقىلىق تەربىيەلەنگۈچىلەرنى قايتىدىن جەمئىيەتكە سىڭدۈردى. بەزى دۆلەتلەر «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش مەركىزى» تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيلەرنى ئۆزىنى مەلۇم قىلغۇچى، يوشۇرۇنۇۋالغۇچى، جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى دېگەن ئۈچ تۈرگە ئايرىپ، ئائىلىگە، مەھەللىگە تايىنىپ، ھەم روھىي جەھەتتىن ئارىلىشىپ داۋالاش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ يۆلەش قاتارلىق تەدبىرلەرگە ماسلاشتۇرۇپ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بويىچە ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. بەزى دۆلەتلەر تۈرمە ۋە مەھەللىدىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدىن تېرروررچىلار شۇنداقلا خەتەرلىك كىشىلەر توپىغا قارىتا تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، پەرقلەندۈرۈش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا تەربىيەلەش، جەمئىيەتكە قايتۇرۇش، باھالاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تېررورلۇققا چېتىشلىق جىنايەتچىلەرگە قارىتا ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بويىچە ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. بەزى دۆلەتلەر ئەسەبىيلەرنىڭ ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى خاتا چۈشەندۈرگەنلىكىنى ئەيىبلەپ، دىنىنىڭ سىڭدۈرۈشچان بولۇشىغا ئىلھام بېرىپ، «مۆتىدىل ئىسلام»غا قايتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ھەم تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش مەركىزىنى تەسىس قىلىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، تىزگىنلەش ۋە جەمئىيەتكە قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ ئارقىلىق ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە قارىتا تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. بەزى دۆلەتلەر «ئۆزگەرتىش ۋە ئايرىۋېتىش» تۈرىنى قوزغىتىش ئارقىلىق، ئىلگىرى تېررورلۇققا چېتىشلىق كىشىلەر ۋە دۆلەتكە قايتقان تېررورلۇق جىنايەت گۇماندارلىرىدىن تەربىيەلەشكە جەزمەن قاتنىشىشنى مەجبۇرىي تەلەپ قىلدى، ھەم مەملىكەت بويىچە ئايرىۋېتىش مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيلەرنى قاماشقا ئىشلەتتى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق تۈرمىدىكى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان باشقا كىشىلەرگە يۇقتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالدى. بەزى دۆلەتلەر مەھەللىدە ئالاقىدار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە قارىتا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئارىلىشىش ئېلىپ باردى، ھەم جەمئىيەت سەپەرۋەرلىكى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بالدۇر بايقىدى ھەم ياشلارنىڭ ئەسەبىيلىك تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىش غەرىزىنى توسۇپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزم قىلمىشلىرى يۈزبېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزدى، بۇ، دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلار قوللانغان ئۇسۇل بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت —— بىخ ھالىتىدە توسۇپ، كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر.

شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ئىزدىنىپ چىقتى.

—— شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ ئەسەبىيلىكنى تۈگەتتى. شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىسىدىن پائال ئۆرنەك ئېلىپ ھەم رايون ئەھۋالى ۋە دۇچ كەلگەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى كونكرېت ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قاراتمىلىق ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرىدىن تولۇق ئۆرنەك ئېلىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە قارىتا قاراتمىلىق ھالدا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى يوقىتىپ، جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدىغان ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغدىدى، شۇنداقلا دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىش مۇھىتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

—— زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇردى. ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمگە قارىتا يۇقىرى بېسىملىق ھالەتنى ساقلىدى؛ بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇپ، تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئاساس قىلدى. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، لېكىن جىنايىتى يېنىكرەك بولغان كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى تەربىيەلەپ، قۇتقۇزۇۋېلىپ، قوغداپ، ئىتتىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى تارتىش ئۇسۇلى بىلەن، قاتتىق جازالاش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن، تاشلىۋېتىش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆيۈنۈش ئۇسۇلى بىلەن ياردەم بېرىپ تەربىيەلەپ، ئۇلارنى دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان قىلدى، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئىگىلەتتى، ھەم مۇئەييەن بىلىم، مەدەنىيەت ۋە ئەمگەك ماھارىتىنى ھازىرلىتىپ، جەمئىيەتكە يارامل ق كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلىك قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرغۇزدى.

—— قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا چىڭ تۇردى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇش —— جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە مۇھىتىنى يوقىتىپ، باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ باردى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە، باشتىن ـ ئاخىر پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇلدى، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايون، مىللەت، دىن بىلەن باغلىۋالماسلىقتا چىڭ تۇرۇلدى.

—— كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇردى. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى ھەم دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشى بولغان كىشىلەر ئەڭ زور دەرىجىدە قۇتقۇزۇۋېلىندى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، مەكتەپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇپ، ئادىمىيلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھەر قانداق شەكىلدە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھاقارەتلەش ۋە خورلاشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈردى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئەلا سۈپەتلىك ئوقۇتۇش بايلىقى ۋە كۆپ خىللاشقان ماھارەت تەربىيەسى بىلەن تەمىنلەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەربىيەلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلدى.

—— ھۆكۈمەت مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ ئىش قىلىشتا چىڭ تۇردى. خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇقىنى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتماي، ئۇلارنى تىنچ، ئىناق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش —— بىر مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە تەربىيەلەش قۇتقۇزۇۋېلىش ئېلىپ بېرىشتا، سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن ئىجتىمائىي ھەققانىيلىق ياقلاندى، ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى قوغدالدى، ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى ئوبرازى تىكلەندى.

## ئاخىرقى سۆز

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئۈنۈملۈك يوقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە رايون خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغدىدى. بۇ ئۇسۇل خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ئاساسىي روھ ۋە ئاساسىي پرىنسىپقا تامامەن ئۇيغۇن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن.

شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت —— تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنى مەنبەدىن يوقىتىش، بۇ كىشىلىك ھوقۇققا تامامەن ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتىكى تەدبىر. خەلقئارادىكى بىر قىسىم باشقىچە نىيىتى بار كىشىلەر ئىدېئولوگىيەدىكى بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە يوشۇرۇن مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندى، بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ. خەلقئارادىكى بەزى دۆلەت، تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە «قوش ئۆلچەم» قوللىنىشى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا تېررورىزم، ئەسەبىزمنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق، يول قويغانلىق بولۇپ، خەلقئارا ئەخلاققا ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، بۇنىڭغا بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىيلىقنى ياقلايدىغان كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ.

تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئېغىر زىيانكەشلىكى ئالدىدا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت بۇ بىر دۇنياۋى قىيىن مەسىلە ئالدىدا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيەسى بىلەن، خەلقئارادىكى تەجرىبىلەر ۋە ئۇسۇللاردىن پائال ئۆرنەك ئېلىپ، تەلىم ـ تەربىيە قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، شىنجاڭنىڭ ئۇسۇلى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق.

شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ يەنىلا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك جايلىرى بار، يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» (60/288) ۋە «زوراۋان ئەسەبىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى» (70/674) قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**